## 21899 ـ بىلىم-پىكىر ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى توغرىسىدا

### سۇئال

مۇسۇلمان پىقھى ئالىملىرى، كىشلەرنىڭ سودا ئىسىملىرى، سودا ماركىسى، نەشىر ھوقۇقى ۋە كەشپىيات ھەققى قاتارلىق بىلىم-پىكىر ئىگىدارچىلىق ھوقۇقلىرىغا قانداق قارايدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بىرىنچى: سودا ئىسمى، سودا ئادرېسى، سودا ماركىسى، نەشرىيات ھوقۇقى، كەشپىيات ھەققى ۋە يېڭىلىق يارىتىش پىكرى قاتارلىقلار بۇ دەۋرىدە شۇ كىشلەرگە خاس بولغان ھەق-ھوقۇقلار بولۇپ، كىشلەرنىڭ بۇنىڭغا مال يۈرۈشتۈرۈشى ئۈچۈن ئۇ ھەق-ھوقۇقلار مالىيە قىممىتى بار دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

ئىككىنچى: سودا ئىسىملىرى، سودا ماركىسى، سودا ئادرېسىنى ئىشلىتىش ۋە بۇ ئىسىم، ماركىلارنى ئالدامچىلىق، ساختىپەز، كۆز بوياماچىلىق قىلىش دېگەندەك ئىشلاردىن خالى ھالدا، مەلۇم مالنىڭ بەدىلىگە باشقىلارغا يۆتكەپ بېرىش بولسا، كىشلەرنىڭ ئېتىبارىغا ئېلىنىدىغان مالىيە ھوقۇقى ھېسابلىنىدۇ.

ئۈچىنچى: نەشىر قىلىش، كەشپىيات ۋە يېڭىلىق يارىتىش ھەقلىرى بولسا شەرئى تەرەپتىن ساقلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئىگىلىرى قانداق ئىشلەتسە بولىدۇ، بۇنداق ھەق-ھوقۇقلارغا تاجاۋۇز قىلىشقا ۋە بۇنى ئوغۇرلاشقا بولمايدۇ.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.